# دۆلىتىمىز بېيدوۋ يەر شارىۋى سىستېمىسى يۇلتۇز تۈركۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇددەتتىن يېرىم يىل بۇرۇن تاماملىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇكەممەل بولغان پۈتۈن ۋاقىتلىق، پۈتۈن ھاۋا رايىلىق، ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان يەرشارىۋى ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش، ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

شۇ كۈنى سائەت 9دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە، قاتتىق يامغۇردىن كېيىنكى شىچاڭ قويۇپ بېرىش مەيدانىنى تۇمان قاپلىۋالغانىدى. 01 قوماندان يىن شياڭيۈەن ئوت يېقىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن، سۈت رەڭلىك چاڭجېڭ راكېتاسى سۈنئىي ھەمراھنى كۆتۈرۈپ ئاستا ـ ئاستا بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى.

بۇ قېتىملىق قويۇپ بېرىش ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىككى قېتىملىق ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق بولمىغاچقا، قويۇپ بېرىش ۋاقتى 5 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغا تەڭشەلدى؛ 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن مەھسۇلاتتا تېخنىكىلىق مەسىلە بايقالغاچقا، قويۇپ بېرىش يەنە بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈلدى.

بۇ، چاڭجېڭ يۈرۈشلۈك توشۇغۇچى راكېتىلىرىنىڭ 336 ـ قېتىم ئۇچۇشى. بۈگۈنگە قەدەر دۆلىتىمىز جەمئىي 44 قېتىم بېيدوۋ قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تەشكىللىدى، چاڭجېڭ 3 ـ نومۇرلۇق A يۈرۈشلۈك توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت بېيدوۋ 1 ـ نومۇرلۇق تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھى، 55 بېيدوۋ 2 ـ نومۇرلۇق ۋە بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇق تور تەشكىللەش سۈنئىي ھەمراھىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا كىرگۈزدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى.

سۈنئىي ھەمراھ تەخمىنەن 30 مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن، ئالدىن بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا ئوڭۇشلۇق كىردى. ئارقىدىن شىچاڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

1970 ـ يىلى تەشكىللەپ قۇرۇلغان شىچاڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىنىڭ «بېيدوۋ پورتى» دېگەن نامى بار. سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دۇڭ چۈچېڭ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ بارلىق بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھى بۇ يەردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇپ، جۇڭگو سۈرئىتى، جۇڭگو مۆجىزىسىنى ياراتتى.

بېيدوۋ سىستېمىسى دۆلىتىمىز ئۆز ئالدىغا قۇرغان، مۇستەقىل ئايلىنىدىغان يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئۈچ خىل ئوربىتىلىق سۈنئىي ھەمراھتىن تۈزۈلگەن بىردىنبىر يول باشلاش سىستېمىسى، 2009 ـ يىلى بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇق سىستېما قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى، 2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇق تۇنجى گۇرۇپپا قوش سۈنئىي ھەمراھ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى.

بۇ يىل يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالاھىدە مۇھىتىدا، بېيدوۋ قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تور تەشكىللەش ۋەزىپىسى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇش سېپىدە «قوش لىنىيەلىك جەڭ» قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئوڭۇشلۇق تاماملىدى، يەرشارىۋى يۇلتۇز تۈركۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تاماملاش ۋاقتى ئەسلىدىكى پىلاندىن يېرىم يىل ئالدىغا سۈرۈلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقى بېيدوۋ سىستېمىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

«جۇڭگو بېيدوۋسى پۈتۈن يەر شارىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدۇ.» جۇڭگو بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى ياڭ چاڭفېڭ مۇنداق دېدى: 2035 ـ يىلى دۆلىتىمىز تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، تېخىمۇ يۇغۇرۇلغان، تېخىمۇ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۇنىۋېرسال ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش، ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ۋاقىت بوشلۇقى ئۇچۇر مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە قەدىمىنى تېخىمۇ يىراققا يېتەكلەش ئۈچۈن، جۇڭگو ئالەم قاتنىشىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

دۆلىتىمىز 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ «ئۈچ قەدەملىك مېڭىش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى: 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بېيدوۋ 1 ـ نومۇرلۇق سىستېمىنى قۇرۇپ، جۇڭگوغا مۇلازىمەت قىلىش؛ 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بېيدوۋ 2 ـ نومۇرلۇق سىستېمىنى قۇرۇپ، ئاسيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا مۇلازىمەت قىلىش؛ 2020 ـ يىلى بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇق سىستېمىنى قۇرۇپ، مۇكەممەل يەرشارىۋى مۇلازىمەت ئىقتىدارى ھازىرلاشتىن ئىبارەت.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاۋ كېجى يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا، 2015 ـ يىلدىن بۇيان زەھەر چەكلەش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان 100 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 100 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. يۈننەن ئۆلكىسى لىنساڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتى، شېنجېن تاموژنىسى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئىدارىسى رازۋېدكا 2 ـ باشقارمىسى، يۈننەن چېگرادىن كىرىش ـ چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى پۇئېر چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ لەنساڭ چېگرا تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق قان مەركىزى قان كاپالىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تاۋ يىڭچۈن، جياڭشى ئۆلكىسى پىڭشياڭ شەھەرلىك زەھەر چەكلەش پىدائىيلار جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى دۇەن خۇاشېڭ قاتارلىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيەلىك زەھەر چەكلەش كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چەكلەش تارماق ئەترىتى، قومۇل شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئېۋىرغول رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى، بېكتۈەن 8 ـ شى شىخەنزە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شەھەر رايونى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش تارماق ئەترىتىنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى جىن لىپى، سانجى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى ماۋ لىجۈن، بېكتۈەن 6 ـ شى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىدىن خوۋ يۈ شەرەپكە ئېرىشتى.

ۋاڭ جۈنجېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەبرىكلەيدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتى سېپى ھەمدە شىنجاڭنىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى زاتلارغا ئېھتىرامىنى ۋە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، مۇھىم تەستىقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشىدا قەتئىي غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز دۇچ كېلىدىغان زەھەر چەكلەش كۈرىشى ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ بولىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، زەھەر چەكلەش خىزمىتىدىكى زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، باشقۇرۇش، تىزگىنلەشتىكى ئەمەلىي جەڭ ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، زەھەر ياساشقا، زەھەر ئېلىپ سېتىشقا تەشكىللىگەن گۇرۇھلارنىڭ كاتتىباشلىرى ۋە غوللۇق ئۇنسۇرلىرىغا، ئاممىنى زەھەر ياساشقا، زەھەر ئېلىپ سېتىشقا ئالدىغان، تەشكىللىگەن پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلار ۋە تەشكىللىگۈچىلەرگە، زەھەرگە چېتىشلىق قارا، رەزىل كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە باشتىن ـ ئاخىر قىلچە يول قويماسلىق پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ، قەتئىي ھالدا قانۇن بويىچە قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالاش، رەزىللىكنى تولۇق تۈگىتىش كېرەك. قەتئىي ھالدا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى يولغا قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئامما ئالدىنى ئېلىپ، ئامما تىزگىنلەپ، زەھەر مەسىلىسىنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى مەنبەدىن يوقىتىش كېرەك؛ «ئالاقە تورى +زەھەر چەكلەش تەشۋىق ـ تەربىيەسى» ئەندىزىسىدە يەنىمۇ يېڭىلىق يارىتىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى زەھەردىن يىراق تۇرۇش، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك؛ مەھەللىدە زەھەر تاشلىتىش، مەھەللىدە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قېلىپلىشىشى، ئىلمىيلىشىشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، زەھەر تاشلىتىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك؛ ئاممىغا زەھەر چەكلەش كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زەھەر چەكلەشكە قاتنىشىش، زەھەر چەكلەشنى قوللاش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىش كېرەك. زەھەر چەكلەش خىزمىتى بىر تۈرلۈك سىستېما قۇرۇلۇشى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى، سىياسىي ئەۋزەللىكى، نىزام چىقىرىش ئەۋزەللىكى ۋە قوشۇن ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «زەھەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيەسى بىلەن تولۇق قاپلاش، زەھەر چەككۈچىلەرنى تولۇق ھالقىلىق باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت قىلىش، زەھەر جىنايىتىگە تولۇق زەنجىرلىك زەربە بېرىش، زەھەر ياساش بۇيۇملىرىنى تولۇق ئاممىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، زەھەر ئەھۋالىنى تولۇق تەرەپلىك كۆزىتىپ ئۆلچەش، زەھەر چەكلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى پۈتۈن يەر شارىلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت زەھەر تۈزەش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال كۈچ چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، زەھەر چەكلەش خىزمىتى تۈزۈلمىسى، مېخانىزمى، تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى زەھەر چەكلەش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ چاڭجيې، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كىچىك ماخۇا، شىرنىلىك چۆرۈك پىچىنە، ساڭزا ئىلگىرى ئائىلىلەر ئۆز ئۆيلىرىدە يەيدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ھازىر مەززىلىك تائاملار بايرىمى ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى يەرلىكنىڭ خاس ئۇششاق يېمەكلىكلىرىنى تېتىپ بېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە گۇچۇڭ مەززىلىك تائاملىرىنىڭ داڭقىنى ئاشۇردى، بەك ياخشى بولدى».

جۇڭگو . گۇچۇڭ 8 ـ نۆۋەتلىك ساياھەت ـ مەدەنىيەت ـ مەززىلىك تائاملار بايرىمىدا ئالتە كۆرگەزمە رايونى، 160 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىن 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ.

«گۇچۇڭ ئۇششاق يېمەكلىكلىرىنىڭ خىلى كۆپ، تۈرى مول بولۇپ، بۇ قېتىمقى ساياھەت ـ مەدەنىيەت ـ مەززىلىك تائاملار بايرىمىدىكى خاس داڭلىق ئۇششاق يېمەكلىكلەر كۆرگەزمە ئورنىدا گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ 50 خىل خاس داڭلىق ئۇششاق يېمەكلىكى كۆرگەزمە قىلىندى، بۇلار گۆيرۇ لەڭمەن، سېرىق ئاش كاۋاپ، قوي گۆشى ياپمىسى، بويۇزى، گۇچۇڭنىڭ تۆت چوڭ داڭلىق شورپىسى (چەينەك شورپىسى، تۇخۇم شورپىسى، ئارىلاش شورپا، دۇفۇ شورپىسى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى گۇچۇڭ ناھىيەلىك ئاشپەزلىك جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى جاڭ جۈڭ تونۇشتۇرۇپ.

پائالىيەت مەزگىلىدە، بىر قاتار مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن باشلاندى. «ئاسماندا پەرۋاز قىلىش» ناملىق ئۇسسۇلدا، ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغاندىكى سېپتا، گۈزەل قىياپىتى تاماشىبىنلارنى مەستخۇش قىلدى؛ ئاشپەزلىك مۇسابىقىسىدە، گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئاشخانىلاردىن كەلگەن ئاشپەز ئۇستىلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى...

2019 ـ يىلى، گۇچۇڭ ناھىيەسى «جۇڭخۇا مەززىلىك تائاملار يۇرتى» بولۇپ باھالاندى. ئەنئەنىۋى، خاس مەززىلىك ئۇششاق تائاملارنى چوڭقۇر قېزىش ئارقىلىق، ھەر يەر ـ ھەر يەرنىڭ تۈرلۈك مەززىلىك تائاملىرىنى كىرگۈزۈپ، داڭلىق يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى، داڭلىق ئۇششاق تائاملارنى پائال بەرپا قىلدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى سەۋەبىدىن، گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئىستېمال بازىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، ئىستېمالنىڭ قايتا ئېشىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىپ، كېچىلىك ئىستېمال بازىرىنى گۈللەندۈردى. نۆۋەتتە، بۇ ناھىيە گۇچۇڭ قەدىمىي شەھەر سودا كوچىسى، خۇيتۇڭ خەنىاتوۋ قاتارلىق ئون كېچىلىك بازار قۇردى. كېچىلىك ئىقتىساد ئاۋاتلاشقان گۇچۇڭ ناھىيەسىدە، 5 ـ ئايدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش كىرىمى 17 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %154.4 ئاشتى، يېمەك ـ ئىچمەك كىرىمى 4 مىليون 958 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %95.8 ئاشتى.

«كېيىنكى قەدەمدە، گۇچۇڭ ناھىيەسى ھۆكۈمەت يېتەكلەش، كارخانىلارنى سۇبيېكت قىلىش، سىياسەت ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، بازار ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ تۈجۈپىلىنىشى، خاسلىنىشى، كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ‹تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كېچە بولماس شەھەر  رومانتىك گۇچۇڭ سىزنى قارشى ئالىدۇ› دېگەن سۈپەتلىك ماركىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ» دېدى گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما شۇدۇڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، تارىخىي تەپەككۇرنى تۇرغۇزۇپ، تارىخىي نەزەرنى يېتىلدۈرۈپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارىختىن بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىختىن بىلىپ دۆلەتنى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سىياسىي يۈكسەكلىك، تېخىمۇ كۈچلۈك چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، تېخىمۇ كەڭ پۈتۈن ۋەزىيەت نەزەرى، تېخىمۇ قاتتىق خىزمەت ئىستىلى ئارقىلىق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىدا ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، پۈتۈن ۋەزىيەت كۆزلەنگەن، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، كەلگۈسى كۆزلەنگەن، چوڭقۇر مەنىلىك، بايانلىرى مۇپەسسەل بولۇپ، ماركسىزملىق ھەقىقەت نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ماركسىزمنىڭ ئىدىيە ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى سىڭدۈرۈلگەن، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر، تارىخىي تەپەككۇر، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىغا تولغان بولۇپ، نېگىز كۆزلەنگەن، يۆنىلىش كۆزلەنگەن، يىراق كەلگۈسى كۆزلەنگەن، دائىم ئۆگىنىپ، دائىم يېڭىلاش، دائىم ئۆزلەشتۈرۈپ، دائىم ئىلگىرىلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاڭلىق كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى، سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى بولۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدە قىلىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، پارتىيەگە، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر بۇرچنى قەلبكە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ۋەزىپىنى قولدا تۇتۇپ، سادىق، قەتئىي بولۇشنى ساقلاپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىپ، بېكتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشنى قوللاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن ياخشى يېزىش كېرەك.

---

شىنجاڭ غەربىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى

## مەمەتئىمىن ئابدۇللا ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** شىنجاڭ غەربىي تيانشان دۆلەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى مەمەتئىمىن ئابدۇللا ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

## دەي گۇاڭخۇي ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دەي گۇاڭخۇي ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.